بسم الله الرحمن الرحیم

بۇ كىتابنىڭ باسما چىقىملىرى 2018 – يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇسەمەت مەخسۇمنىڭ ئائىلە – تاۋابىئاتى تەرىپىدىن مەرھۇمنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىندى. جانابى ئاللاھتىن ئىلىم تارقىتىش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مۇبارەك سەرمايىنى مەرھۇم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە قەدەر سەدىقە جارىيە قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

دوكتور سەئىد ئىبنى سالىم دەرمەكي

# ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار ۋە ئەۋلادلىرىمىز

تەرجىمە قىلغۇچى:
مۇستافا ئىبراھىم

# Elektronik Oyunlar ve Çocuklarımız

# ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار ۋە ئەۋلادلىرىمىز

ئاپتورى: دوكتور سەئىد ئىبنى سالىم دەرمەكىي


| | |
|---|---|
| Tercüme: **Mustafa İBRAHİM** | تەرجىمە قىلغۇچى: **مۇستافا ئىبراھىم** |
| Editör: **Abdusemed Muhammed BİŞARET** | تەھرىرلىگۈچى: **ئابدۇسەمەد مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت** |
| Yayıncı: **Haksever İslam Araştırma Merkezi** | نەشر قىلغۇچى ئورۇن: **ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى** |
| Kapak ve İç Sayfa Tasarımı: **Ufuk Tasarım** | مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: **ئۇپۇق ئىلان-لايىھەچىلىكى** |

Yayın Adresi: Maltepe Mah. Davutpaşa cad. Güven İş Merkezi
C Blok No: 83 / 3 İç Kapı No: 264 Zeytinburnu İstanbul

2023-يىلى 9-ئاي، 1-نەشرى



مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە. ھېچقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.



haksever090@gmail.com



Haksever İslam Araştırma Merkezi

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................................................ 1

سەلەفلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇللىرى ........................................ 5

زامانىمىزدىكى ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار ........................................ 23

ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارغا خۇمار بولۇپ قېلىش ........................ 29

ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ خەتەرلىرى ........................................ 35

1. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ ئىمانغا بولغان خەتەرلىك بۇزغۇنچىلىقى ........................................ 37

2. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ پسىخولوگىيەلىك تەسىرى ........................................ 47

3. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ جىسمانىي تەسىرى ........... 51

4. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا بولغان زىيىنى ........................................ 53

5. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ بالىلارنىڭ ئەخلاقىغا بولغان زىيىنى ........................................ 55

6. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ بىخەتەرلىككە بولغان زىيىنى ........................................ 57

ئېلېكترونلۇق ئويۇن خۇمارىنى داۋالاش ............................. 59

ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئالدىدا تېلېفون قاتارلىق ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى كۆپ ئىشلەتمەسلىكى كېرەك ........................................ 69

ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئويۇن ئويناشنى چەكلەش ........................ 71

ۋاقتىڭىزنى مۇھاپىزەت قىلىڭ ........................................ 73

بسم الله الرحمن الرحيم

# كىرىش سۆز

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئۇ زاتنى مەدھىيەلەيمىز ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم، مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

شۈبھىسىزكى، سۆزلەرنىڭ ئەڭ توغرىسى ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر، يولنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر. (ئەقىدە ۋە ئىبادەت) ئىشلىرىنىڭ يامىنى يېڭىدىن پەيدا بولغانلىرىدۇر، ھەرقانداق يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىش بىدئەتتۇر، ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر، ھەرقانداق ئازغۇنلۇق دوزاختا مەھكۇمدۇر.

بىز بۇ كىتابىمىزدا ياش ئەۋلادلىرىمىز ۋە ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقچىمىز. ئەجەبا نېمىشقا بۇ تېما تاللاندى؟ بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك سەۋەبى بار:

بىرىنچىدىن، كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىمىزدەك، بۈگۈنكى كۈندە ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار شۇ قەدەر كەڭ تارقىلىپ كەتتىكى، ياش

ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. ھەتتاكى بۇ ئويۇنلار ئۇلارنىڭ ھايات يۆنىلىشىنى سەلبىي تەرەپكە ئۆزگەرتىۋېتىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىز كىچىكىمىزدە سىرتلاردا، كەڭ تەبىئەتتە ئوينايدىغان ئەنئەنىۋى ئويۇنلاردىن ۋاز كەچتى. تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى، مانا ئەمدى ئۇلار ئەتراپتىكى كىشىلەردىنمۇ ئۆزىنى تارتىپ، ھاياتىنى مۇشۇ ئويۇنلارغا بەند قىلماقتا.



ئۆتمۈشتە ئەجدادلىرىمىز قەيەرلەردە ئويناپتتى؟ ئۇلار مەھەللىلەردىكى كەڭ مەيدانلاردا ۋە ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى باغۇبوستانلىقلاردا ئويناپتتى. ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرى كەڭ تەبىئەت قوينىدا ئىدى، ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرگە ئوۋ ئوۋلايتتى، ئات مىنەتتى. ئۇلار ئېگىز تاغ باغرىلىرىدا، سۈزۈك سۇلۇق باغلاردا ۋە گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن گۈزەل بوستانلىقلاردا كۆڭۈل ئاچاتتى.



ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار تارقالغاندىن باشلاپ، ئىنسانلارنىڭ ھۇزۇرلىنىش تۇيغۇسىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھازىر بالىلىرىمىز ھەرخىل ئويۇنلار قاچىلانغان ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەردىن قەتئىي ئايرىلالماس ھالغا كېلىپ قالدى. كاللىسىغا ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئويناش خىيالى كېلىپ قالسىلا، ھەتتا مەسچىتتە بولسىمۇ ئىختىيارسىز قولىغا ئېلىپلا ئويناۋېرىدىغان بولدى. ھازىر شۇنداق بىر ئېچىنىشلىق ھادىسىگە شاھىت بولۇۋاتىمىزكى، مۇنبەرلەردە ئىمام جۈمە خۇتبىسى ئوقۇۋاتسا، بەزى بالىلىرىمىز ئىمامنىڭ خۇتبىسىگىمۇ پەرۋا قىلماستىن، تېلېفونلاردا ئويۇن ئوينايدۇ. بەزى ياشلار ماشىنا ھەيدەۋاتقان ۋاقىتتىمۇ بۇ ئويۇنلارنى قولىدىن چۈشۈرگۈسى كەلمەيدۇ.



ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بىر ئىش شۇكى، بۇ ئويۇنلارنى ئويناش پەقەت بالىلار ۋە ياشلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ھەتتا ئوتتۇرا ياشلاردىمۇ كۆرۈلمەكتە.

بىزنىڭ بۇ تېمىنى تاللىشىمىزدىكى ئىككىنچى سەۋەب بولسا، بۇ ئويۇنلار پەيدا قىلغان يامان ئاقىۋەتلەردۇر. بەلكىم ئۇنىڭ بەزىبىر ئىجابىي تەرەپلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالغۇچىلارنىڭ ئىمانى، ساغلاملىقى، روھىي ھالىتى، ئىقتىسادى ۋە مەكتەپلەردىكى ئۆگىنىشىگە بولغان يامان تەسىرى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە چوڭدۇر. تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بۇ يامان تەسىرلەرگە پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تېمىنىڭ مۇھىملىقىنى مۇسۇلمانلارغا ھېس قىلدۇرۇش ناھايىتى مۇھىم بىر مەجبۇرىيەت بولۇپ قالماقتا.

# سەلەفلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇللىرى

بەلكىم بەزىلەر: «سىلەر دىندار مۇسۇلمانلار ھەممە نەرسىگە قارشى تۇرۇۋالىدىكەنسىلەر. سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا ھەممە نەرسە ھارام. ئىسلامدا ئاسانلىق يوقمۇ؟! ئىسلامدا كۆڭلىمىزنى خۇشال قىلىدىغان بىرەر پۇرسەت ۋە ئىمكان يوقمۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. ئۇلارغا ئېيتىمىزكى: «ئەلۋەتتە بار!». دىنىمىز ئوتتۇرھاللىق ۋە ھەممە ئىشتا تەكپۇك بولۇش پىرىنسىپى ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر، بۇلارنىڭ ئارىسىغا كۆڭۈل ئېچىشمۇ كىرىدۇ. كۆڭۈل ئاچساق بولىدۇ، بىراق بۇ دىندا يولغا قويۇلغان چەك - چېگرانىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمىگەن دائىرىدە بولۇشى لازىم.

روھنى ھۇزۇرلاندۇرۇش، يەنى ئويۇن ئويناشقا يول قويۇشنىڭ ئارقىسىدىكى مەقسەت روھىمىزنىڭ ئاللاھقا ئىتائەتچانلىقىنى ئاشۇرۇش بولۇشى كېرەك. بۇ بولسا ئاللاھنىڭ بىزنى يارىتىشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبىدۇر. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا بىزنى پەقەت ئويۇن ئويناش ئۈچۈنلا ياراتمىدى. ﴿أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَٰكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لَا تُرْجَعُونَ﴾ **«(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنى بىزنىڭ پەقەتلا بىھۇدە (مەقسەتسىز) ياراتقانلىقىمىزنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدىغانلىقىڭلارنى ئويلاپ قالدىڭلارمۇ؟»**[1].

ئاللاھ تائالا بىزنى مەقسەتسىز ياراتمىدى، بەلكى پەقەت ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە

1 مۇئمىنۇن سۈرىسى، 115-ئايەت.

مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ **«جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»**[2].

قىيامەت كۈنى ھەممىمىز ئالالاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئالدىدا مۇشۇ مەقسەتلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ھېساب بېرىمىز، شۇنداقلا ئۇ كۈنى بىز ھېساب بېرىدىغان تۈنجى سوئال ناماز ھەققىدە بولىدۇ، ئاندىن ھاياتىمىز ھەققىدە سورىلىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **«قىيامەت كۈنى بەندە رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا مۇنۇ بەش نەرسىنىڭ سورىقىنى بەرمىگۈچە جايىدىن مىدىرلىمايدۇ: ئۆمرىنى نېمىگە سەرپ قىلغانلىقى، ياشلىقىنى نېمىگە زايە قىلغانلىقى، مېلىنى نەدىن تاپقانلىقى ۋە نېمىگە خىراجەت قىلغانلىقى، بىلگىنىگە قانداق ئەمەل قىلغانلىقى»**[3].

يۇقىرى ھەدىستە ئېيتىلغان ياكى ئويلىمىغانلىقىمىز ھەققىدە سوئال سورىلىدىغانلىقىمىز تىلغا ئېلىنىپتىمۇ؟ بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزدىكى بىردىنبىر مەقسەت ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىقنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنداشتىن ئىبارەتتۇر. ئاسانلىق ۋە ئوتتۇرھاللىقنى ئاساس قىلغان ئىسلام پىرىنسىپلىرى يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسنى ئاساس قىلغان ھالدا، روھقا ۋە ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بولغان ئىنتىلىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئىسلام تارىخىغا قارايدىغان بولساق، سەلمان فارسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: **«ئى ئەبۇ دەردا، رەببىڭنىڭ سەندە ھەققى بار، بەدىنىڭنىڭ سەندە ھەققى بار، ئائىلەڭنىڭ سەندە ھەققى بار، شۇڭا ھەربىرىگە ئۆلارنىڭ ھەققىنى تولۇق بەرگىن»**[4] دېگەنلىكىنى كۆرىمىز.

---

2 زارىيات سۈرىسى، 56-ئايەت.

3 تىرمىزىي، 2417.

4 سەھىھ بۇخارىي، 6139.

ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بىز سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرغان ۋاقتىمىزدا، بىزگە جەننەت ۋە جەھەننەمنى ئەسلىتىسەن، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندەك بولىمىز. بىراق، قاچانكى بىز سىزنىڭ يېنىڭىزدىن ئايرىلىپ ئايال - بالىلىرىمىز، تۇرمۇش - تىجارەتلىرىمىز بىلەن بولغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلارنىڭ (جەننەت ۋە جەھەننەم ھەققىدىكى ئىشلارنىڭ) كۆپ قىسمى بىزنىڭ قەلبىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ» دېگەن ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ئەگەر سىلەر داۋاملىق مېنىڭ ئالدىمدا بولغان ۋە زىكىر قىلىپ تۇرغان ھالەتتە بولساڭلار، ئەلۋەتتە پەرىشتىلەر سىلەر بىلەن ئۆيلىرىڭلاردا ۋە يوللىرىڭلاردا كۆرۈشۈپ يۈرەتتى. ئى ھەنزەلە! سەن بىر سائەتنى ئاخىرەتكە، بىر سائەتنى دۇنياغا ئاجراتقىن**»[5] دېگەن ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئويۇن ئويناش ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىدا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار بولۇپ، بۇلار مۇۋاپىق بولغاندا روھنىڭ سىقىلىشى ۋە ئىبادەتلەردىن زېرىكىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئەگەر بىز «ساھابىلەرمۇ ئويۇن ئوينامتى؟» دەپ سوئال قويساق، جاۋابى «ھەئە» بولىدۇ. ئۇلار شۇ دەۋرلەرگە خاس بولغان ئويۇنلارنى ئوينىغان ئىدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «**ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىدى. ئۇ بىر كۈنى مېنى بىر يەرگە ئەۋەتتى، مەن كۆڭلۈمدە: <ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن> دەپ ئويلىدىمۇ، بىراق كاللامغا: <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا بۇيرۇغان ئىشىنى قىلىشىم كېرەك> دېگەن خىيال كېلىپ، دەرھال يولغا چىقتىم.**

5 سەھىھ مۇسلىم، 2750.

**مەن يولدا كېتىۋېتىپ، كوچىدا ئويناۋاتقان بىر توپ باللارنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ كەينىمدىن كېلىپ گەدىنىمنى سىلىق تۇتتى. مەن بۇرۇلۇپ قارىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:**

**— ئى ئەنەس، مەن بۇيرۇغان يەرگە باردىڭمۇ؟ دەپ سورىدى، — مەن:**

**— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ھازىر بارىمەن، — دېدىم»**[6].



بۇ ھەدىستىكى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «مەن يولدا كېتىۋېتىپ، كوچىدا ئويناۋاتقان بىر توپ باللارنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ قالدىم» دېگەن سۆزى ئىسلام دىنىمىزدا ئويۇن ئويناش چەكلەنمەيدىغانلىقىغا كۈچلۈك دەلىل بولالايدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: **«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئويناۋاتقان بىر توپ باللارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا سالام قىلدى»**[7].

6 سەھىھ مۇسلىم، 2310.

7 سۇنەن ئەبۇ داۋۇد، 5202.



ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ داۋاملىق يوقلاپ تۇراتتى، ئۇممۇ سۇلەيمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن مەخسۇس ھەدىيەلەرنى ھازىرلاپ قوياتتى. مېنىڭ ئەبۇ ئۇمەير ئىسىملىك بىر قېرىندىشىم بار ئىدى. ئۇنىڭ بىر كىچىك قۇشى بار بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ ئۆلۈپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوقلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ باشقىلاردىن:

— ئۇنىڭ نېمىشقا كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالدى؟ — دەپ سورىغاندى، كىشىلەر:



**— ئۈنىڭ قۇشى ئۆلۈپ قاپتۇ، — دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىرىندىشىمنىڭ يېنىغا كېلىپ:**

**— ئى ئەبۇ ئۇمەير، كىچىك قۇشۇڭغا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى»**[8].

بۇ ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى ۋە ئۇنىڭ بۇرۇن ئويناپ كۆنۈپ قالغان قۇشى ھەققىدە ئەھۋال سورىدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «**مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن چاي ئىچۈرۈلگەن ئىدىم. بىز مەدىنىگە كەلگەندە بەنى ئەلخارىز ئىبنى خەزرەجنىڭ ئۆيىدە تۇرغان ئىدۇق. مەن بىر قانچە قىز دوستلىرىم بىلەن ئىلەڭگۈچ ئۇچۇپ ئويناۋاتساق، ئۇممۇ رۇمان مېنىڭ يېنىمغا كەلدى»**[9].



ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كىچىك ۋاقتىدا ياخشى كۆرۈپ ئوينايدىغان ئىلەڭگۈچ ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان ياخشى بىر ئويۇن.

8 سۇنەن ئەبۇ داۋۇد، 4969.

9 سەھىھ بۇخارىي، 3894.



ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا داۋاملىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا كىچىك قورچاقلىرىنى ئوينايتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن (كىچىكىمدە) **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا قورچاقلىرىمنى ئوينايتتىم، مەن بىلەن بىللە ئوينايدىغان بىر نەچچە دوستۇمۇ بار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىلا، تارتىنىپ پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ يوشۇرۇنۇۋالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ چىقىپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئويۇنىمىزنى داۋاملاشتۇراتتۇق»**[10].

ئىمام بۇخارىنىڭ «ئەدەبۇل مۇفرەد» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىبراھىم ئىبنى يەزىد ئېيتىدۇكى: <ساھابىلەر بىزگە بارلىق ئويۇنلارنى ئويناشقا ئىجازەت بەرگەن>». ئىمام



10 سەھىھ مۇسلىم، 2440.

بۇخارى بۇ سۆزنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ساھابىلەر باللارنىڭ ئىت بىلەن ئويناشتىن باشقا بارلىق ئويۇنلارنى ئوينىشىغا رۇخسەت قىلغان ئىدى».

يۇقىرى ھەدىس ۋە ساھابىلەر تارىخىدىن كۆرۈۋالالايمىزكى، ئويۇن ئويناش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىمۇ بار ئىدى. چۈنكى، ھەرقانداق كىشىنىڭ، بولۇپمۇ باللارنىڭ تەبىئىتىدە ئويۇن ئويناشقا مايىللىق ۋە قىزىقىش بولىدۇ. بىراق ئۆز بالىلىرىنىڭ ئىسلامىي تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان تەقۋادار ئاتا - ئانىلار ياكى ھامىيلار بالىلىرى ئويناۋاتقان ئويۇنلارغا كۆز - قۇلاق بولۇشى، شۇنداقلا باللارنىڭ يېشىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بار بولغان تالانت ۋە ئىقتىدارلارنى بايقاپ چىقىش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا ماھىر بولۇشى لازىم.



رەبىئ بىنتى مۇئەۋۋىز مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇرا كۈنى[11] ئەتىگەندە مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەنسارىيلارنىڭ مەھەللىلىرىگە: ‹**كىمكى روزا تۇتقان بولسا، روزىسىنى تاماملىسۇن. كىمكى روزا تۇتمىغان بولسا، كۈنىنىڭ**

11 ئاشۇرا كۈنى بولسا مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10- كۈنى بولۇپ، بۇ كۈنى روزا تۇتقانلار كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

**قالغىنىنى روزا بىلەن ئۆتكۈزسۇن!> دەپ جاكارلاش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئاشۇرا كۈندە روزا تۇتتۇق ۋە كىچىك باللىرىمىزغىمۇ روزا تۇتقۇزدۇق»**[12].

ئىزاھات: ساھابىلەر باللارنى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇيتتى، شۇنىڭ بىلەن باللار روزا تۇتۇشقا ئادەتلىنەتتى ۋە روزىنى قانداق تۇتۇشنى ئۆگىنەتتى.

رەبىئ بىنتى مۇئەۋۋىز مۇنداق دەيدۇ: **«بىز كىچىك باللىرىمىزغا يۇڭدىن ئويۇنچۇق ياساپ بېرەتتۇق. ئەگەر ئۇلاردىن بىرى قورسىقى ئېچىپ كېتىپ يىغلىسا، شۇ ئويۇنچۇقلارنى بېرەتتۇق - دە، ئۇلار ئىپتار ۋاقتىغىچە روزىسىنى داۋاملاشتۇراتتى»**[13].

---

12 سەھىھ مۇسلىم، 1136.

13 سەھىھ بۇخارىي، 1960.





«سەھىھ مۇسلىم»دا كەلگەن بىر ھەدىستە، ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«ئۇلارغا (يەنى كىچىكلەرگە) يۇڭدىن ئويۇنچۇق ياساپ بېرەتتۇق ۋە ئۇلارنى ئۆزىمىز بىلەن بىرگە (مەسچىتكە) ئېلىپ باراتتۇق. ئەگەر ئۇلار بىزدىن يېمەكلىك سورىسا، ئۇلارغا ئويۇنچۇقلارنى بېرەتتۇق ۋە ئويۇنغا مەشغۇل قىلىپ، روزىسىنى داۋاملاشتۇرغۇزاتتۇق»**[14].

ئۇلار نېمىشقا بالىلارغا ئويۇنچۇق بېرىدۇ؟ روزا تۇتۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن. ھەممىمىزگە ئايانكى، ئالتە - يەتتە ياشلىق كىچىك بالىلارنىڭ قورسىقى ناھايىتى تېزلا ئېچىپ كېتىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاماق يېيىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق ساھابىلەرنىڭ ئانىلىرى ئۇلارنى روزىسىنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان. ئەگەر ئۇلار يىغلاشقا باشلىسا، ئانىلىرى ئۇلارغا ئويۇنچۇق بېرىش ئارقىلىق يىغىسىنى توختاتقان. بۇ ۋەقەلىكتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ ۋاقىتتىكى ئويۇنلار بالىلارنى ئىبادەتكە يېتەكلەشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

بۇ ھەقتىكى يەنە بىر مىسال بولسا بالىلار قورچىقى بولۇپ، بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: **«پەيغەمبەر <u>ئەلەيھىسسالام</u> تەبۇك (ياكى خەيبەر) غازىتىدىن قايتىپ**

14 سەھىھ مۇسلىم، 1136.

**كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۆيىمىزنىڭ تەكچىسىگە پەردە تارتىپ قويۇلغان بولۇپ، پەردە شامالدا قايرىلىپ كەتكەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن ئوينايدىغان قورچاق قىزلارنى كۆرۈپ قالدى ـ دە:**

**ــ ئى ئائىشە! بۇ نىمە؟ ــ دەپ سورىدى. مەن:**

**ــ قىزلىرىم، ــ دەپ جاۋاب بەردىم»**[15].

بىلگىنىمىزدەك، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھېچقانداق بالىسى يوق ئىدى، بىراق ئۇنىڭ لەقىمى «ئۇممۇ ئابدۇللاھ» ئىدى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىگە بىر لەقەم قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «ئۇممۇ ئابدۇللاھ» دەپ لەقەم قويۇپ قويغان ئىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ گەرچە بالىسى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ بۇ قورچاقلارنى «بالىلىرىم» دەپ ئويناپتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئائىشە، بۇلار نىمە؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «بۇلار مېنىڭ قىزلىرىم» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دېگەن: **«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورچاقلار ئارىسىدىكى قاناتلىق ئاتنى كۆرۈپ:**

**ــ ئۇنداقتا، بۇ نىمە؟ ــ دەپ سورىدى. مەن:**

**ــ ئۇ ئات، ــ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**

**ــ ئاتنىڭ ئۈستىدىكىلەرچۇ؟ ــ دەپ سورىدى.**

**ــ ئۇلار ئاتنىڭ قاناتلىرى، ــ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**

**ــ ئاتنىڭمۇ قانىتى بولامدۇ؟ ــ دېگەندى، مەن:**

---

15 سۇنەن ئەبۇ داۋۇد، 4932.



**— سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قاناتلىق ئاتلىرى بارلىقىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ — دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگۈدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كەتتى»**[16].

ئىمام نەۋەۋى ئۆزىنىڭ «سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسى» ناملىق كىتابىدا، قىزلارنىڭ بالا قورچاقلارنى ئوينىشىنىڭ پايدىلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئەلقازىي مۇنداق دەيدۇ: ‹بۇ ھەدىس قورچاقلارنى ئويناشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا دەلىل بولۇپ، ئۇلار چەكلەنگەن رەسىملەرنىڭ دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىلگەن. بۇ ئويۇنلار ئاياللارنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ئۆزى، بالىلىرى ۋە ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىشنى مەشىق قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ».

قىزلار ياغاچ ياكى قاتتىق قەغەزدىن ياسالغان بۇنداق ئويۇنچۇقلارنى ئويناش ئارقىلىق كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى قانداق بېقىش ھەققىدە تەجرىبىگە ئىگە بولالايدۇ.

---

16 سۈنەن ئەبۇ داۋۇد، 4932.

دېمەك، بۇ خىل ئويۇنلارنى ئويناش ئارقىلىق قىزنىڭ كېلەچىكىگە نىسبەتەن كۆزلىگەن نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ.

بالىلارنىڭ يېشى ئازراق چوڭايغان ۋاقىتتا، ھامىيلىرى ئۇلارنىڭ ئوينىغان ئويۇنلىرىغا كۆز - قۇلاق بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامىي تەربىيەسىگە مەنپەئەتلىك بولغان ئويۇنلارنى ئوينىشىغا يېتە كچىلىك قىلىشى كېرەك. ئەبۇ ئۇمامە ئىبنى ساھىل مۇنداق دەيدۇ: **«ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: <بالىلىرىڭلارغا سۇ ئۈزۈشنى ۋە ئوق ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويۇڭلار>»**[17].



ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ «ئەلفۇرۇسىيە» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «مۇسئەب ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: <ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزى بالىلىرىڭلارنى ئوق ئېتىشتا تەربىيەلىشىڭلارنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن ئەڭ ياخشى ئويۇندۇر>».

ئوق ئېتىش نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ قۇۋۋەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿وَأَعِدُّواْ لَهُم مَّا ٱسۡتَطَعۡتُم مِّن قُوَّةٖ وَمِن رِّبَاطِ ٱلۡخَيۡلِ﴾ **«دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار»**[18] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ**

17 مۇسنەد ئەھمەد، 323.

18 ئەنفال سۈرىسى، 60- ئايەت.



**دېمەك ئوق ئېتىشتۇر! بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ دېمەك ئوق ئېتىشتۇر! بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ دېمەك ئوق ئېتىشتۇر!»**[19] دېگەن ئىدى.

18 ياشتىن كىچىك ساھابىلەر جىھادقا چىقىشتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلەتتى ۋە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك بىر مۇجاھىد ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ئەمدىلا 14 - 15 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە چىدامچانلىق روھىغا دىققەت قىلاتتى، ھەتتا ئۇلارنى بۇ ئۆلچەملەرگە چۈشىدۇ دەپ قارىسا، جەڭگە قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلاتتى؛ چۈشمەيدۇ دەپ قارىسا، رۇخسەت قىلمايتتى.

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنسارىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلەرنىڭ قاتارىدىن ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ۋاپات تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ۋە ئانىسىغا ھېچكىم ئىگە بولمىدى. ئۇنىڭ ئانىسى گۈزەللىكتە مەشھۇر ئايال ئىدى، ھەتتا ئۇ ئايال مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن ۋاقتىدا، بىر قانچە كىشى ئۇنىڭغا توي تەكلىپى قويغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ پەقەت ئوغلىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىغان بىر كىشى بىلەن

19 سەھىھ مۇسلىم، 1917.

ئۆيلىنىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال مۇررە ئىبنى سىنان ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن توي قىلدى. سەمۇرە ئۆزىنىڭ ئۆگەي دادىسى بىلەن بىرگە ئۇھۇد غازىتىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىقتى، بىراق ئۇ تېخى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، جىھادقا قاتنىشىشقا رۇخسەت بېرىلمىدى. لېكىن، ئۇيلىمىغان يەردىن رافىئ ئىبنى خەدىج ئىسىملىك ياش بىر بالىنىڭ جىھادقا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىندى. بۇنى كۆرگەن سەمۇرە ئۆگەي دادىسى مۇررەگە: «ئى قەدىرلىك ئاتا، رافىئ ئىبنى خەدىجنىڭ جىھادقا بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنىپتۇ، بىراق مەن ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىشتا مۇسابىقىلەشسەم، ئۇنى يېڭىۋالىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، سەن مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ جىھادقا قاتنىشىشىغا رۇخسەت بەرمىدىڭ، بىراق رافىئ ئىبنى خەدىجكە رۇخسەت بېرىپسەن. ھالبۇكى، مېنىڭ ئوغلۇم چېلىشىشتا ئۇنى يېڭىۋالالايدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رافىئ بىلەن سەمۇرەنى چاقىرىپ: «سىلەر چېلىشىپ بېقىڭلار» دېدى. سەمۇرە رافىئنى يېڭىۋالدى ۋە جىھادقا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.

چېلىشىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىمۇ بار بولغان بىر تەنتەربىيە تۈرى بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھازىر بىز تېلېۋىزورلاردا كۆرۈۋاتقان قانلىق جامبازلىق مۇسابىقىلىرىدىن كۆپ پەرقلىق



ئىدى. ئۇ ۋاقىتتىكى چېلىشىشتا، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى مەھكەم تۇتقان ھالدا يەرگە يىقىتىشنىلا مەقسەت قىلاتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 14 ياش ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەدر غازىتىغا قاتنىشىش ئۈچۈن رۇخسەت تەلەپ قىلغان ئىدى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېشىنى ناھايىتى كىچىك دەپ قاراپ، رۇخسەت بەرمىدى. ئاندىن ئۇھۇد غازىتىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغانىدى، يەنىلا يېشى كىچىك دەپ رۇخسەت بەرمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا خەندەق غازىتىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئىجازەت بېرىلدى.

كۈنىمىزدە 15 ياشلىق بىر بالا بەلكىم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇشى مۇمكىن. سىز مۇشۇ بالىنىڭ ئاللاھ يولىدا جىھادقا چىقالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمىشقا كىچىك ساھابىلەرگە رۇخسەت قىلغان؟ چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئاللاھ يولىدىكى جىھادقا بولغان ئىنتىلىشى، قۇۋۋىتى ۋە چىدامچانلىق روھىنى كۆرۈپ يېتەلىگەن ئىدى. ئەجەبا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ قۇۋۋەت ۋە چىدامچانلىق قانداق يېتىلگەن، ئۇلارغا بۇ ئويۇنلارنى كىم ئۆگەتكەن؟ ئېنىقكى، ئۇلار بۇنى ئۆزلىرى ئويناپ ئادەتلەنگەن ئويۇنلار ئارقىلىق يېتىشتۈرگەن ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئاتا -



ئانىسىدىن ئۆگەنگەن. ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ ھەر دائىم قىيىنچىلىق ۋە جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە قۇۋۋەت ۋە سەۋرچانلىق بىلەن تىك تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى ۋە بۇ سۈپەتلەرنى ئۇلاردىن ئۆگىنەتتى.

كۈنىمىزدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «بالا» دەپ قارىلىدۇ، كىشىلەر دائىم «ئۇلار تېخى بالا تۇرسا» دەپ قويۇشىدۇ. ھەتتا بەزى ئاتا – ئانىلار ئەنسىرەپ، بۇ بالىلارنىڭ مەكتەپكە بېرىپ كېلىشى ئۈچۈن مەخسۇس شوپۇر ياللايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئالاھىدە خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ.

سەلەف سالىھلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىسلامىي تەربىيەسىدە چوڭ بولغان كېيىنكى ئەۋلاد بالىلار ئۆزىدىكى گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ تەقۋادار ئاتا - ئانىلىرى تاللاپ بەرگەن مەنپەئەتلىك ئويۇنلار ئارقىلىق يېتىشتۇرگەن بولۇپ، بۇ ئويۇنلار بالىلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ بەدىنىنىڭ كۈچلۈك ۋە ساغلام بولۇشىغا يول ئېچىپ بەرگەن.



# زامانىمىزدىكى ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار

كۈنىمىزگە كەلگەندە تەلەپ ۋە ئۆلچەملەر ئۆزگەردى. پىلېي ستېيشىن (PlayStation)، ئېكس بوكس (Xbox)، نىنتېندو (Nintendo) دېگەنگە ئوخشاش مەخسۇس ئويۇن كونتروللىغۇچلىرى سەپلىنىپ ئىشلىنىدىغان ئېلېكترونلۇق ئويۇن ياكى كومپيۇتېر ئويۇنلىرى ھاياتىمىزغا چوڭقۇر سىڭىپ كىردى. سىز ۋە بالىلىرىڭىز بەلكىم بۇلارنى مەندىن ياخشى بىلىشىڭلار مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بۇ ئويۇنلارنى پەقەت بالىلارلا ئەمەس، ھەتتا ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياش كىشىلەرمۇ خىجىل بولماستىن ئوينايدۇ. ئاتالمىش ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۈسكۈنىلەر: يانفون، تاختا كومپيۇتېر (tablet) ۋە ئايپەد (iPad) قاتارلىق نەرسىلەر پەيدا بولغاندىن كېيىن، بالىلارنىڭ بۇ خىل



ئويۇنلارغا بولغان ھېرىسمەنلىكى ھەسسىلەپ ئېشىپ بارماقتا.

بۇ ئويۇنلار ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان ھەرخىل رەڭلەر، شۇنداقلا ئۈچ ئۆلچەم (3D) ۋە تۆت ئۆلچەم (4D) قاتارلىق تېخنىكىلار ئاساسىدا لايىھەلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بالىلىرىمىزنى كۈچلۈك قىزىقتۇرماقتا. يەنە كېلىپ، بۇ تېخنىكىلارغا يەنە ئادەمنى ئۆزىگە رام قىلىدىغان رەسىملەر ۋە ئاۋازلار بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئويۇن ئوينىغۇچى، بولۇپمۇ كىچىك بالىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشچانلىقى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە كۈچلۈك بولىدۇ - دە، بۇ رەڭۋازلىقلار مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىۋاتقان بالىلىرىمىزنى تېخىمۇ كۈچلۈك بىر شەكىلدە ئۆزىگە تارتىدۇ.



كۆپ قىسىم كىشىلەر: «بۇ ئويۇنلارنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى پەقەت كۆڭۈل ئېچىش» دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، پسىخولوگلارنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئويۇنلارنىڭ بىر قىسىم ئارتۇقچىلىقى بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىي رېئاللىق شۇكى، بۇلارنىڭ زىيانلىق تەرىپى ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ ۋە خەتەرلىك.

ھەربىر ئويۇننىڭ مەزمۇنىغا ھېس قىلىنمىغۇدەك دەرىجىدە مەخپىي ئىشارەتلەر يوشۇرۇنغان. بۇ ئىشارەتلەر ئويۇنغۇچىنى مەقسەت قىلغان. ئەلۋەتتە، بەزى بىر قىسىم ئويۇنلار مەكتەپلەردە دەرسلىك ئۈچۈن ئوينىتىلىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىسمىمۇ «ئويۇن» بولغان بىلەن، بىراق ئۇلار تەلىم - تەربىيەنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان يامان نىيەتلەرنى ئۆزىگە يوشۇرغان ۋە قەلبنى بۇزۇشنى ئاساسىي نىشان قىلغان ئويۇنلارمۇ ئىنتايىن كەڭ تارقالماقتا. ئويۇننى لايىھەلىگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت، سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتتىكى مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەلۇم ئۇچۇرلارنى مۇشۇنداق ئويۇنلارغا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ.



ئويۇن ئوينىغۇچى ھەرخىل خاراكتېرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئويۇنلارنى ئوينىغان ۋاقىتتا، مۇشۇ خاراكتېرلەرنىڭ خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئوينىغۇچى بۇ خاراكتېرلەر مەۋجۇت بولغان مۇھىتقا پۈتۈنلەي كىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئويۇن ئوينىغۇچى ئويۇندىكى

خاراكتېرنىڭ مۇئەييەن ئالاھىدىلىكى ۋە مىجەز - خۇلقىنى ئۆزىدە يېتىشتۇرۇشكە باشلايدۇ، ئاخىرىدا ئۇلار رېئاللىق بىلەن ئويۇننىڭ فانتازىيەسى ئارىسىدا لەيلەپ قالىدۇ.

سىز مەلۇم بىر ئويۇننى قىزىقىپ ئوينىغان بالىنىڭ ئويۇننى تاماملاپ بولۇپلا، ئۆي ئىچىدە ئاشۇ ئويۇندىكى بەزى ھەرىكەتلەرنى قېرىنداشلىرىغا، دوستلىرىغا، ھەتتا ئاتا - ئانىسىغا دوراپ بېرىۋاتقانلىقىنى بايقىشىڭىز مۇمكىن. كۈنىمىزدە بىزنى بىئارام قىلىۋاتقان «ئىنتېرنېت زومىگەرلىكى ۋە دۈشمەنلىك پىسخىكىسى» دېگەنگە ئوخشاش بىنورمال ئەھۋاللار دەل مۇشۇ خىلدىكى ئېلېكترونلۇق ئويۇنلاردىن كەلگەن.






بەلكىم بىلىشىڭىز مۇمكىن، بۇرۇن «كاپىتان تىسۇباسا»[20] دەپ ئاتالغان بىر كارتون فىلىم بار ئىدى. بۇ فىلىم دائىم ئەسىر نامىزىدىن كېيىن قويۇلاتتى. باللار قاتار ئولتۇرۇشۇپ، باش قەھرىمان تىسۇباسانىڭ پۇتبول مۇسابىقىسىنى كۆرەتتى. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، فىلىم تۈگىگەندە باللار نېمە ئىش قىلىشى مۇمكىن؟ ئېنىقكى، ئۇلار مەيدانغا چىقىپ پۇتبول ئوينايدۇ. گەرچە فىلىمدىكى ئۇ پېرسوناژ پۈتۈنلەي خىيالىي توقۇلما بولسىمۇ، باللار ئامالىنىڭ بارىچە فىلىمدىكى ۋەقەلىكنى تەقلىد قىلىشقا باشلايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار باشقا ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى ئوينىغان باللاردىمۇ داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.




20 مەزكۇر فىلىم ياپونىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق كارتون فىلىمى بولۇپ، 1981-يىلى تارقىتىلغان. فىلىمدا ئاساسلىقى باش قەھرىمان تىسۇباسا ئۆزۈرانىڭ ھاياتىنى چۆرىدىگەن ھالدا، پۇتبول مۇسابىقىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلىكلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

# ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارغا خۇمار بولۇپ قېلىش

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئويۇنلارنىڭ بالىلارغا تەسىر كۆرسىتىشىدىن ھېچكىم شەك قىلمايدۇ. ئۇنداقتا، بۇلار ياشلارغىمۇ تەسىر قىلامدۇ؟ جاۋابى ئېنىقكى، ھەئە. بۇ ئويۇنلار ياشلارغىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ.



«دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى» ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارغا بولغان خۇمارلىقنى «ئويۇن كېسىلى» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تونۇشتۇرغان. ئېلېكترونلۇق ئويۇن خۇمارلىقى بىر خىل «پىسخىكىلىق كېسەللىك» دەپ ئاتالماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ خىلدىكى ئويۇنلار ئىنساننى خۇمار قىلغۇچى پائالىيەتلەر دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن[21].

21 «دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججىتىدە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «11- نۆۋەتلىك خەلقئارالىق كېسەللىكلەرنى تۈرگە ئايرىش يىغىنىدا، <ئويۇن (رەقەملىك

ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار ئىنساننى خۇمار قىلامدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى: ھەئە. بەزى كىشىلەر كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ بەش - ئالتە سائەت باش كۆتۈرمەي ئويۇن ئوينايدۇ. يېقىندا بىر ئايال يېنىمغا كېلىپ، ئېرى ھەققىدە ماڭا بىرمۇنچە قاقشاپ بەردى. ئۇنىڭ ئېرى 30 ياشلاردا بولۇپ، كونتروللىغۇچلۇق ئويۇن (PlayStation)نى بىر ئولتۇرۇشىدا 20 سائەتلەپ ئوينايدىكەن. ئۇ بارا – بارا خىزمىتىنىمۇ تاشلاپتۇ، ھازىر ئىشلىمەيدىكەن ۋە نامازنىمۇ ئوقۇمايدىكەن. ئايالى ئۇنىڭغا: «سەن مۇشۇ ئويۇننى ئوينايمەن دەپ بىزنى تاشلىۋېتىپ بارىسەن. سەن يا مەن بىلەن بالىلىرىمغا كۆڭۈل بۆلۈسەن، ياكى مەن سەندىن ئاجرىشىپ كېتىمەن» دەپتۇ. ئۇ ئايال يەنە: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقاندا، ئۇ ھەتتا ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. ھەتتا ئۇ ئويۇننى ئويناش پەرۋا قىلماستىن، ماڭا: ‹بولىدۇ، بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى› دېدى ۋە ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇۋەردى» دېدى.



ئويۇن ياكى سۈرەتلىك ئويۇن) كېسىلى>گە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق، باشقا پائالىيەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارغا ئالاھىدە بېرىلىپ كېتىش، زىيانلىق نەتىجىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى ئويناشنى داۋاملاشتۇرۇش قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن ئېنىقلىما بېرىلگەن».

بەزى پسىخولوگلار ئويۇنغا خۇمار بولۇپ قېلىشنى ھەتتا كوكائىن بىلەن زەھەرگە خۇمار بولۇپ قېلىشقا ئوخشىتىدۇ. بۇرۇن مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا ئۆز - ئۆزۈمگە: «ئىنسان نېمىشقا ئويۇنغا خۇمار بولۇپ قالىدۇ؟ بىر ئىنساننىڭ ئويۇنغا خۇمار بولۇپ قېلىشى قانداقمۇ زەھەرگە خۇمار بولغاندەك ئېغىر بولسۇن؟!» دەپ سوئال قوياتتىم.



ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارغا خۇمار بولۇپ قېلىش بىلەن زەھەرگە خۇمار بولۇپ قېلىش ئارىسىدا بەزى ئوخشاشلىقلار بار بولۇپ، تۆۋەندە بۇ ھەقتە بىرئاز مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى:

• خۇددى زەھەرگە خۇمار بولغۇچى زەھەر چەكمىسە چىدىيالمىغاندەك، ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارغا خۇمار بولۇپ قالغۇچى بۇ ئويۇنلارغا تەلۋىلەرچە ھېرىسمەن بولۇپ كېتىدۇ. بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئوينايدىغان ئۈسكۈنىنى تىقىپ قويغاندا، بالىلىرى ئۇنى ساراڭلارچە ئىزدەپ كېتىدۇ ۋە شۇ ئويۇنلارنى ئېچىپ ئوينىۋالمىغۇچە ئارام تاپالمايدۇ.

• ئېلېكترونلۇق ئويۇنغا كۆنۈپ قالغانلار تاكى ئېلېكترونلۇق ئويۇننى ئويناپ ياكى باشقىلارنىڭ ئوينىغىنىنى كۆرۈپ

خۇمارنى باسمىغۇچە ئارام ئالالمايدۇ ياكى نورمال ھالەتكە قايتالمايدۇ. بۇ ھالەت نەق زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولغۇچىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، زەھەرگە خۇمار بولغۇچىمۇ تاكى ئۇنى چېكىۋالمىغۇچە ياكى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇۋالمىغۇچە قەتئىي ئارام تاپالمايدۇ.

● ھەر ئىككى خىلدىكى خۇمار بولۇش ئارىسىدىكى يەنە بىر ئوخشاشلىق بولسا، داۋالاشتۇرۇشقا بولغان ھېرىسمەنلىك ۋە خۇمارنىڭ بارا - بارا ئېشىپ بېرىشىدىن ئىبارەت. سىز نۇرغۇن ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئوينايدىغان بالىلارنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلالماستىن ھەرۋاقىت شۇ ئويۇنلارنى ئويناش ئىستىكىدە بولۇۋاتقانلىقىنى بايقايسىز. ئۇلار ھەتتا ئويۇننىڭ داۋامىغا كىرىشىپ كەتكەنچە، نامازلىرىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرىنى ۋە مەكتەپتىكى ئۆگىنىشىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ ھالەت زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولغۇچىنىڭ ھالىتىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

● ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئويناشقا خۇمار بولغۇچىنىڭ ئويۇن ئويناۋاتقان ۋاقىتتىكى ھالىتى زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولغۇچىنىڭ ھالىتىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. پىلېي ستېيشىن (PlayStation)غا ئوخشاش كونتروللىغۇچلۇق ئويۇنلارغا خۇمار بولغۇچىنىڭ ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم تاقاپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بايقىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئۇ ھەتتا نەچچە سائەتلەپ يالغۇز ئولتۇرۇپ ئويۇن ئوينايدۇ. ئۇنىڭ تەنھا ئولتۇرۇپ ئويۇن ئوينىشى ــ زەھەرگە خۇمار بولغان بىر كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا بېكىنىپ ئولتۇرۇپ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىۋاتقان ئەھۋالىغا ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ گەرچە تامامەن يالغۇز ھالەتتە قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئويناۋاتقان ئويۇنىدىن خۇشاللىق، كەيپ ۋە راھەت ھېس قىلالايدۇ.

● ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئويناشقا خۇمار بولغۇچى بىلەن زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە خۇمار بولغۇچىنىڭ يەنە بىر ئوخشاش تەرىپى شۇكى، ئەگەر ئۇ ئويۇن ئويناشتىن مەھرۇم قالسا، ئۇنىڭدا باش ئاغرىقى، ھارغىنلىق ۋە ئاسان ئاچچىقلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ ھالەتمۇ زەھەرگە خۇمار بولغۇچىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە ئېرىشەلمىگەن ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ.

● يېقىندا ئەنگلىيەدە تۇنجى بولۇپ ھۆكۈمەت ياردىمىنى ئاساس قىلغان، ئېلېكترونلۇق ئويۇنغا خۇمار بولۇپ قالغۇچىنى داۋالاش مەركىزى قۇرۇپ چىقىلدى. بۇ نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟ بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بۇ خىلدىكى ئويۇنلار بارا - بارا خەتەرلىك تۈس ئېلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇنى ئەمدى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى دەپ قاراش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. «دەم ئېلىش ۋە مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ» دەپ قارالغان بۇ ئويۇنلار ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايدىغان دەرىجىدىكى خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.



# ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ خەتەرلىرى

## 1. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ ئىمانغا بولغان خەتەرلىك بۇزغۇنچىلىقى

بۇ ئويۇنلار بالىلارنىڭ ئىمانىي قۇۋۋىتىگە ناھايىتى چوڭ سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ مىساللىرىدىن:

### ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار بالىلارنى نامازغا سەل قارايدىغان قىلىپ قويىدۇ

بىرىنچىدىن، بۇ ئويۇنلار بالىلارنىڭ نامازغا سەل قارىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بولۇپمۇ بالىلار كىچىچە ئۇخلىماي ئويۇن ئوينىغاندا، نامازغا تېخىمۇ ئېتىبارسىز قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بەزى بالىلار بامداتقىچە توختىماي ئويۇن ئوينىغانلىقى ئۈچۈن، مەسچىتكە بېرىش ئېغىر كېلىدۇ، بارغان تەقدىردىمۇ نامازنى تېز - تېز ئوقۇپ، ئۆيگە قايتىپلا ئۇخلايدۇ ۋە ئەتىسى



ئەسىر ۋاقتىغىچە قويمايدۇ - دە، پىشىن ۋە ئەسىر نامىزىنى قازا قىلىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال تەتىل ۋاقىتلىرىدا تېخىمۇ ئېغىر يۈز بېرىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال ــ كېچىسى ئۇخلىماي ئويۇن ئويناشنىڭ باللارغا ئېلىپ كېلىدىغان ئەڭ روشەن زىيانلىرىدىن بىرىدۇر. شۇنىڭدەك، بۇ خىل ئويۇنلارغا زىيادە بېرىلىش يەنە باللارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا سىيلە - رەھىم قىلىش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇندىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ھەتتاكى، بارا - بارا باللارنىڭ قەلبىگە ئاشقۇنلۇق، تېررورىزم ۋە قان تۆكۈشكە ھېرىسمەن بولۇش قاتارلىق خەتەرلىك تۇيغۇلارنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ.

## ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار باللارغا زوراۋانلىقنى ئۆگىتىدۇ

ئەگەر بىز «نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ۋە باللارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتقان بۇ ئويۇنلارنىڭ خاراكتېرى زادى قانداق؟ ئۇلار قانداق تۈرگە تەۋە؟» دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويساق، جاۋابى شۇكى، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى «تەۋەككۈلچىلىك»كە مۇناسىۋەتلىك ئويۇنلاردىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، تەۋەككۈلچىلىككە مۇناسىۋەتلىك ئويۇنلار ناھايىتى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنى جەلپ قىلالايدۇ ۋە ئۇلار ئىنتايىن تېز تارقىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىر تۈر بولسا، ئۇرۇش - جەڭلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئويۇنلار



بولۇپ، بۇلار «ھەرىكەتلىك ئويۇنلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇلار ئۇرۇش ۋە ئۆلتۈرۈشنى ئويۇننىڭ ئاساسلىق ۋەقەلىكى قىلىپ تاللايدۇ.

تېلېۋىزور بىلەن ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى، سىزچە قايسىسى تېخىمۇ خەتەرلىك. باللارنىڭ تېلېۋىزوردا ئادەم ئۆلتۈرگەننى كۆرۈشىمۇ ياكى ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئاساسلىق ۋەقەلىك قىلغان ئويۇنلارنى ئوينىشىمۇ؟ بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى بالىلارغا تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ، ئۆلتۈرۈشنى تەقلىد قىلىشىمۇ ياكى ئۆلتۈرگەننى كۆرۈشىمۇ؟ جاۋاب تولىمۇ روشەن. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلاردا ئۆلتۈرۈشنى تەقلىد قىلىپ ئويناش بالىلاردا تېخىمۇ بەكرەك سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر سىز بىر تېلېۋىزىيە فىلىمى كۆرۈۋاتقان بولسىڭىز، فىلىمنىڭ ۋەقەلىكىدە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلسە، بۇ ۋەقەلىك بالىلارغا خېلىلا چوڭقۇر سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بىراق، ئېلېكترونلۇق ئويۇندا قورالنى تۇتۇپ تۇرغانمۇ، ئۇنى دۈشمەننىڭ چېكىسىگە تەڭلەپ تۇرغانمۇ ۋە ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنمۇ دەل ئۇنى ئويناۋاتقان سەبىي پەرزەنتلىرىمىز بولۇپ، ئۇلار ھەتتا ئېكراندىكى قان داغلىرىنىمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدۇ. سىزچە ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ قايسىسى بالىلىرىمىزغا تېخىمۇ كۈچلۈك يامان تەسىر پەيدا قىلىشى مۇمكىن ؟

بۇ خىلدىكى ئويۇنلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ھەتتا ھەقىقىي رەسىم ۋە تەسۋىرلەردەك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلالايدۇ. مەن بىر قېتىم ئالاھىدە بىر ئويۇن ئېكرانىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ ئېكران كومپيۇتېرغا باغلىنىدىغان بولۇپ، باھاسى 4000 دوللاردىن قىممەت ئىدى[22]. مەن مال ساتقۇچىدىن بۇنىڭ باھاسىنىڭ نېمىشقا بۇنچىۋالا قىممەت ئىكەنلىكىنى سورىسام، ئۇ: «بۇ مەخسۇس ئۈچ ئۆلچەملىك ئويۇنلارنى ئويناش ئۈچۈن

22 2020- يىلى ئەڭ قىممەت بىر ئويۇن كومپيۇتېرنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 30 مىڭ دوللار ئەتراپىدا بولغان.




لايىھەلەنگەن ئېكران، سىز ئۇ ئارقىلىق ئويۇنلارنى مەۋھۇم رېئاللىق ئىچىدە تۇرۇپ ئوينىيالايسىز ۋە ئۆزىڭىزنى خۇددى شۇ ئويۇن مۇھىتىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلالايسىز» دېدى. يەنى سىز بۇ ئۇسكۇننى كومپيۇتېرىڭىزغا باغلاپ تۇرۇپ ئويۇن ئوينىسىڭىز، قولىڭىزغا خۇددى ھەقىقىي قورallarnı ئالغاندەك ۋە ھەقىقىي ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك تۇيغۇغا كېلىدىكەنسىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىز بۇ ئويۇنلار ئارقىلىق ھەقىقىي قاتىللىق دېلوسىنى سادىر قىلغاندەك ھېسسىياتقا كېلىدىكەنسىز ۋە ئويۇننى شۇ خىل خاراكتېر ئىچىدە ئوينايدىكەنسىز. دېمەك، بۇ ۋاقىتتا ئويۇن ئوينىغۇچىغا نىسبەتەن قان تۆكۈش خۇددى



بىر ئويۇنغا ئوخشاشلا ناھايىتى تەبىئىي ۋە ئاسان بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇلار مەقسەتلىك لايىھەلەنگەن.

ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئۆيىدە پىلېي ستېيشىن (PlayStation)غا ئوخشاش كونتروللىغۇچ سەپلىنىپ ئوينايدىغان ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار بولسا، ئۇنىڭ بالىلىرى تەبىئىيلا ئۇنى ئوينايدۇ. ئۇ كىشىمۇ ئۆزىنىڭ بالىسىنىڭ ئۇ ئويۇنلارنى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئۇ ئۆزىنىڭ بالىسىنى تېررورىزم ۋە قاتىللىقتا مەخسۇس تەربىيىلىگەندەك بولىدۇ.



تولىمۇ ئەپسۇسكى، بەزى كىشىلەر: «دوستۇم، تېررورىزمنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى باشقا تۇرسا، سەن يەنە بۇنى ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارغا دۆڭگەپ قويۇۋاتىسەن» دېيىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا شۇنداق دەيمەنكى، ئى قەدىرلىك قېرىندىشىم، بۇ ھەقتە بالىلىرىمىزغا ئېلىپ بېرىلگەن ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى ۋە ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيەلەرنى خىيالىڭغا كەلتۈرۈپ باقمىدىڭمۇ؟ ئەسلىدە شۇلار ھەقىقىي ئاشقۇنلۇق ۋە تېررورلۇق چۈشەنچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ئوينىغۇچىلارنى شۇ چۈشەنچىلەر بىلەن تەربىيىلەيدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىز مۇشۇنداق خەتەرلىك ۋە زىيانلىق ئويۇنلارنى ئۆز قولىمىز بىلەن

پەرزەنتلىرىمىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇۋاتىمىز. ئەگەر بالىلىرىمىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرسە ياكى ئوتتۇرا مەكتەپكە كۆچۈش ئىمتىھانلىرىدىن يۇقىرى نومۇر ئالسا، ئۇلارغا پىلېي ستېيشىن (PlayStation)غا ئوخشاش ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى ھەدىيە قىلىۋاتىمىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، بالىلىرىمىزنى ئۆزىمىز ئاشقۇنلۇق ۋە تېررورلۇق ئىدىيەسىدە تەربىيەلەپ چىقىۋاتىمىز.



## ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار بالىلارنى ناچار دوستلارغا ئۇچراشتۇرىدۇ

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار بالىلارنى ناچار دوستلار بىلەن تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىمانىغا زىيانلىق تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۆتمۈشتە بالىلىرىمىز سىرتقا چىقىپ ئۆزىنىڭ بىلىشىدىغان، يېقىن دوستلىرى بىلەن بىللە ئويناپتتى ھەمدە سىزمۇ ئۇلارنىڭ كىم ۋە قانداق بالىلار ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ بىلەلەيتتىڭىز. ئەگەر دوستلىرىنىڭ ئارىسىدا بىرەر يامان ئەخلاقلىق بالا بولۇپ قالسا، پەرزەنتىڭىزگە ئۇ بالىدىن ئېھتىيات قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلالايتتىڭىز. بىراق، كۈنىمىزدە سىرتقا چىقىپ دوستلىرى بىلەن بىرگە ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ ئورنىنى ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار ئالدى. سىز پەقەت بالىڭىزنىڭ تىڭشىغۇچ تاقاپ، كومپيۇتېر ياكى تاختا كومپيۇتېر (tablet) ئېكرانىغا قاراپ سائەتلەپ ئولتۇرغانلىقىنىلا كۆرىسىز. ئۇ تىڭشىغۇچ ئارقىلىق سىز چۈشەنمەيدىغان بىر نىمىلەرنى دەپ قارشى تەرەپ بىلەن پاراڭلىشىدۇ. ئەجەبا ئۇ كىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندۇ؟ سىز بالىڭىزنىڭ كىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى بىلەلەمسىز؟ ياق! ئەمەلىيەتتە بالىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ كۆپىنچە ئەھۋاللاردا كىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار زادى كىم؟ ئۇلارنىڭ ياشاش پرىنسىپى نېمە؟ ئۇلار قايسى دىنغا ئېتىقاد



قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بالىڭىز بىلەن پاراڭلىشىشىدىكى مەقسىتى نېمە؟ سىز بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلىپ يېتەلمەيسىز. ئۇلار بالىڭىزنىڭ دىنى، ياشاش پرىنسىپى ۋە ئەخلاقىغا نىسبەتەن سىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان خەتەرلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىپ بېقىڭ، بۇ ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ ئارقىسىدا كىم بار؟

بەزى ئاتا - ئانىلار مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، بالىمىز ناھايىتى ئەدەپلىك ۋە كەمسۆز، ئۇ بىزگە ھېچقانداق ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرىمىز، بۇرۇن ئۇ سىرتقا چىقىپ كېتەتتى ۋە ئۆيدىن يىراق يەرلەرگە كېتىپ ئويناپتتى، ئەنسىرەپ قالاتتۇق. بىراق ئۇ ھازىر ئۆيدىلا ئوينايدۇ، ئاللاھ ئائىلىمىز ئارقىلىق ئۇنى قوغداۋاتىدۇ، ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ ‹پايدىلىق› ئويۇنلارنى ئويناۋاتىدۇ».

ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بالىسىغا ئالتۇن قاچىدا زەھەر بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېتەلمەيۋاتىدۇ.

## ئېلېكتورونلۇق ئويۇنلار بالىلارنىڭ ئەقىدىسىگە تەسىر قىلىدۇ

مەن تۆۋەندە سىزگە بىر قانچە مىسال سۆزلەپ بېرەي. بىر پىسخولوگ ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىز ئېلېكترونلۇق ئويۇن ھەققىدە بىر تەجرىبە ئېلىپ باردۇق ۋە ناھايىتى خەتەرلىك بىر رېئاللىقنى بايقىدۇق. مەلۇم بىر ئېلېكترونلۇق ئويۇننىڭ ئىچىدىكى بىر ئادەم قولىدا قورال تۇتقان ھالەتتە تۇرىدۇ، ئۇ قورال دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئويۇندىكى نەخ مەيدان بولسا بىر تاشلىۋېتىلگەن ئۆي. دۈشمەن ئۆيدىن چىقىدۇ، بۇنى كۆرگەن ھېلىقى ئادەم قورالنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتىدۇ ۋە دۈشمەن ئۆلىدۇ. بەزىدە ئۇ ئادەم ئالۋاستىغا ئوخشايدىغان دۈشمەننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئالۋاستىنىڭ ئۈستىگە بىر ئىشكاپ ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. بۇ ئويۇنغا يوشۇرۇنغان بىر رەزىللىك شۇكى، ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە قۇرئان كەرىم تىزىلغان ۋە مۇبارەك كىتابلىرىمىز ئۇ ئادەمنىڭ ئاتقان ئوقلىرى سەۋەبلىك ئالۋاستى بىلەن بىرگە يەرگە چۈشۈپ، تىرىپىرەن بولۇپ كېتىدۇ».



بىر قىسىم كىشىلەر مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: «بۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟! ئويۇندىكى ئادەم قورالنى ئالۋاستىغا، يەنى دۈشمەنگە قارىتىپ ئېتىپتۇ، قۇرئانغا قارىتىپ ئاتمىغان

تۇرسا!». بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرسەك ئويۇننىڭ ماھىيىتى روشەنلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئويۇندىكى بۇ كۆرۈنۈش ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن مەقسەتلىك لايىھەلەنگەن بولۇپ، ئويۇننىڭ ئاساسىي مەقسىتى دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش ھېسسىياتى بىلەن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن قۇرئاننى باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئويۇندا سىز ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، ئالدىڭىزدىكى دۈشمەننى ئۆلتۈرىسىز ياكى ئۇرۇپ يارىلاندۇرىسىز ۋە دۈشمەننىڭ يېنىدا تۇرغان قۇرئان كەرىمنى ئىككىلەنمەستىن ئۇرۇپ ياكى ئوق ئېتىپ يەرگە چۈشۈرۈۋېتىۋېرىسىز. شۇنىڭ بىلەن، قۇرئاننىڭ قەلبىڭىزدىكى ئورنى تۆۋەنلەيدۇ ياكى سەلبىي تەسىر شەكىللەندۈرىدۇ، شۇنداقلا بىلىپ - بىلمەي قۇرئانغا بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىڭىز ئاجىزلىشىشقا باشلايدۇ. مانا بۇ كۈنىمىزدە مودا بولۇۋاتقان ئويۇنلاردىكى ئاساسىي ئېقىمدۇر.

بۇ ئويۇندا نېمە ئۈچۈن سىز ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان دۈشمەننىڭ يېنىغا قۇرئان كەرىم قويۇپ قويۇلىدۇ، ئويۇن نېمىشقا مۇشۇنداق لايىھەلەنگەن؟ ئويۇننى لايىھەلىگۈچىلەرنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى قۇرئاننىڭ قەلبىڭىزدىكى ئورنىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ قۇرئاننى سىز ئۆلتۈرىدىغان «ئالۋاستى»نىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان ۋە شۇ ئارقىلىق دۈشمىنىڭىز بولغان «ئالۋاستى» بىلەن قۇرئان ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش پەيدا قىلغان.

## 2. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ پسىخولوگىيەلىك تەسىرى

### ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار بالىلارنى ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان قىلىپ قويىدۇ

ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ سەلبىي تەسىرلىرىدىن بىرى، ئويۇنغۇچىنى جەمئىيەتتىن ئايرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېلېكترونلۇق ئويۇنغا ئادەتلىنىپ قالغان كىشىنىڭ دائىم ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم تاقاپ، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، كۈنلەرچە ئويۇن ئوينىغانلىقىنى كۆرەلەيسىز. ئويۇن



ئويناۋاتقۇچى ھېچقانداق كىشىنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ دەخلى قىلىشىنى خالىمايدۇ. بۇ خىل ھالەت ــ «جەمئىيەتتىن يىراقلىشىش» ياكى «ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ھالەتكە مۇپتىلا بولغان ئويۇنچىلار ئۆز دوستلىرى، قېرىنداشلىرى، ھەتتا ئاتا - ئانىسىدىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا بىرەر ئىشنى قىلىشنى ئېيتسا، ئۇ ناھايىتى تېزلا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ پىسخىكىسىدا تېز ئاچچىقلىنىش، ئۇمىدسىزلىنىش ۋە پۇچەك ھېسسىياتچانلىقنىڭ ئالامەتلىرى ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئاسانلا ئاتا - ئانىسىغا بويۇنتاۋلۇق قىلىدىغان، قېرىنداشلىرى بىلەن ئەپ ئۆتمەيدىغان يامان خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ.

## ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار بالىلاردا ئېغىر روھىي بېسىم پەيدا قىلىدۇ

ئېلېكترونلۇق ئويۇن خۇمارى ئىنساننىڭ روھىغا بېسىم شەكىللەندۈرىدىغان بولۇپ، بۇ خىل روھىي بېسىم بارا - بارا ئويۇن ئوينىغۇچىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش پىسخىكىسى شەكىللەندۈرىدۇ. سىز بۇنى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارامسىز؟



ئەمەلىيەتتە بۇ تامامەن مۇمكىن. بىر قىسىم پسىخولوگلار شۇنداق ئېيتىدۇ: «نۇرغۇن ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار ناھايىتى پىشقان پسىخولوگلار تەرىپىدىن لايىھەلىنىپ چىقىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار قايسى رەڭ ۋە قايسى ئاۋازنىڭ ئىنساننىڭ پىسخىكىسىغا ئەجەللىك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئىنچىكە تەتقىق قىلغان. ئۇلار ئىنساننىڭ مېڭىسىگە تەسىر قىلىدىغان ئاۋازنىڭ چاستوتىسى ۋە رەڭ تەسۋىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. پسىخولوگىيە ئىلمىدە بۇ ھالەت <مېڭىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (ئاۋاز ۋە رەڭنى بىر تەرەپ قىلىدىغان قىسمىنىڭ) يەنە بىر قىسمىغا قارىتا ئۈستۈنلۈك ئىگىلىشى> دەپ ئاتىلىدۇ».

مەسىلەن، ئويۇن ئوينىغۇچى 50 باسقۇچلۇق بىر ئويۇننى تۇنجى باسقۇچىدىن باشلاپ ئويناشقا باشلايدۇ. ئۇ چوقۇم ئويۇننىڭ ھەربىر باسقۇچىدا مۇئەييەن بىر ۋەزىپىلەرنى پۈتتۈرۈشى كېرەك، بۇنداق قىلمىغاندا كېيىنكى باسقۇچقا ئۆتەلمەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۆزگە زىيان يەتكۈزىدىغان مەشغۇلاتلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئويۇن لايىھەلىگۈچىلەر بۇ كىشىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بۇنداق قىلىشتىن ھوزۇر ۋە خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. ئېلېكترونلۇق ئويۇنغا ئادەتلىنىپ قالغان بىرەيلەن مۇنداق دېگەن: «ئويۇننىڭ بىر باسقۇچىدا، مەن ئەمەلىي ھالەتتە ئۆز قولۇمنى پىچاق بىلەن كېسىپ قان چىقىرىشقا بۇيرۇلدۇم». مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ كېيىنكى باسقۇچقا ئۆتۈش ئۈچۈن بۇ بۇيرۇقنى ئورۇنداپ، رەسىمگە تارتىپ ئويۇن نازارەتچىسىگە يوللاپ بەرگەن. ئۇ بۇ جەرياننى تاكى ئۆزىدە روھىي بېسىم شەكىللەنگەنگە قەدەر تەكرارلىغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ كۆزىگە دۇنيا بەئەينى زۇلمەتلىك بىر جىلغىدەك كۆرۈلۈشكە باشلىغان ۋە كاللىسىدا بۇنداق بىر يەردە ياشاشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقتەك چۈشەنچىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئاندىن ئويۇن نازارەتچىلىرى ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى بۇيرۇغان، ئۇمۇ شۇنداق قىلغان.




ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار ئويۇنچىلارنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا تەشۋىق قىلىدۇ. بۇ ئىش ناھايىتى ئومۇملىشىپ كەتتى. قارىغۇلارچە ئەگىشىشكە كۆنۈپ كەتكەن كىشىلەر مۇنداق سورىشى مۇمكىن: «ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار راستتىنلا ئويۇنچىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالامدۇ؟»، جاۋابى: ھەئە. چۈنكى بۇ ئويۇنلار پەيدا قىلىدىغان روھىي بېسىم ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق بىر پىسخىكىلىق كېسەللىكتىن ئىبارەت. مەن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى بىر پىسخولوگدىن: «روھىي بېسىم ھەقىقەتەن ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرامدۇ؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ: «ھەئە، بولۇپمۇ ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارغا خۇمار بولۇشتىن پەيدا بولغان روھىي بېسىم تېخىمۇ شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى.

## 3. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ جىسمانىي تەسىرى

ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئويناىدىغان كىشى ئۇزۇن ۋاقىت كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ، جىسمانىي ھەرىكەت قىلمىغاچقا، سەمرىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا ئۇ يەنە بارا - بارا دىيابېت ۋە قالقانسىمان بەز يوغىناش قاتارلىق ئەگەشمە كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولىدۇ. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى كۆپ ئويناش يەنە كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى، بويۇن ئاغرىقى، روھسىزلىق ۋە ھۇرۇنلۇقنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەر چىقارغان زەرەت ۋە يۇقىرى چاستوتىلىق نۇرلار مېڭىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويىدۇ - دە، مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ تارىيىشى ۋە قان توسۇلۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر ئويۇنچى بۇ ئويۇنلارنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئويناپ كۆنۈپ قالسا، ئېغىر دەرىجىدە ئۇيقۇسىزلىق ۋە قارا بېسىش ئەھۋاللىرىنى پەيدا قىلىدۇ.



ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ ئىنسان بەدىنىگە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە زىيان پەيدا قىلىدىغان يەنە بىر يامان تەسىرى بولسا «رەقەملىك خۇمار» بولۇپ، بۇ تېلېفون، كومپيۇتېر، تور ئويۇنلىرى ۋە ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى كۆپ ئويناش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان، شۇلاردىكى ئېلېكتىر دولقۇنى پەيدا قىلىدىغان بىر خىل پىسخولوگىيەلىك بىنورماللىقتۇر. زامانىمىزدا مەيدانغا چىققان بۇ خىل يېڭى تىپتىكى خۇمارلىق — ئويۇن ئوينىغۇچى تىڭشىغۇچ تاقاپ، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئېلېكتىر ۋە ئاۋاز دولقۇنى ئۇلارنىڭ قۇلىقى ئارقىلىق مېڭىسىگە تارقىلىش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. بۇ خىلدىكى چاستوتا ۋە دولقۇنلارنىڭ ئويۇنچىلارنىڭ مېڭىسىگە بولغان خەتەرلىك تەسىرى خۇددى بەڭگىلەر چېكىدىغان زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە پەيدا قىلغان خەتەرلىك زىيىنىغا ئوخشايدۇ.



## 4. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا بولغان زىيىنى

ئېلېكترونلۇق ئويۇن خۇمارلىقى، ھەددىدىن زىيادە بېرىلىش ۋە زېھنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ ئىگىلىۋېلىشى ــ بالىلارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ۋە دىققىتىنى يىغالماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە، بالىلاردا دىققەت چېچىلىش كېسەللىكى كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ چۈشىنىش، ئەستە تۇتۇش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.



## 5. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ بالىلارنىڭ ئەخلاقىغا بولغان زىيىنى

بەزى ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارغا مەقسەتلىك ھالدا يالىڭاچ ئاياللارنىڭ رەسىمى كىرگۈزۈۋېتىلگەن بولىدۇ، يەنە بەزى ئويۇنلار ئاساسلىقى ئىچىملىك ۋە چېكىملىكنى تەشۋىق قىلىدۇ. ھەتتا بەزى ئويۇنلارغا ئېغىزغا ئالغۇسىز دەرىجىدىكى ئەخلاقسىز ۋە مەينەت سۆزلەر مەقسەتلىك كىرىشتۈرۈۋېتىلىدۇ. بۇلارنىڭ بالىلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇشتا تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ.



# 6. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ بىخەتەرلىككە بولغان زىيىنى

## جاسۇسلۇق دېتاللىرى

2018-يىلى 9-ئاينىڭ 13-كۈنى «ئەلبايان گېزىتى»دە: «دۇبەي ساقچىلىرى جاسۇسلۇق دېتاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېلېكترونلۇق ئويۇنلاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە تىلغا ئېلىنىشىچە، بۇ خىلدىكى ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارغا جاسۇسلۇق دېتاللىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئويۇن ئوينىغۇچى بۇ ئويۇنلارنى ئويناشقا باشلىغاندا، بۇ دېتاللار ئوينىغۇچىنىڭ كومپيۇتېر، تېلېفون ياكى تاختا كومپيۇتېر قاتارلىق ئۈسكۈنىلىرىگە ئاپتوماتىك چۈشىدۇ. ئاندىن جاسۇسلۇق دېتاللىرى بۇ



ئۈسكۈنىلەردىكى بارلىق رەسىم ۋە ئالاقە تىزىملىكىنى باشقا مەنبەلەرگە يوللايدۇ. بۇلار ھەتتا سىزگە چاندۇرماستىن، ئائىلە ئۇچۇرىڭىز ۋە دادىڭىزنىڭ مۇھىم مەلۇماتلىرىنى باشقا تېلېفون ياكى كومپيۇتېرغا ئاپتوماتىك يوللاپ بېرىشى مۇمكىن[23].

## تور قويمىچىلىقى

يەنە بىر باش قاتۇرىدىغان مەسىلە تور قويمىچىلىقىدىن ئىبارەت. تور قويمىچىلىقى بىر خىل تور جىنايىتى بولۇپ، جىنايەتچى زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئوغرىلاش ياكى ئۇنىڭ مۇئەييەن مۇلازىمەتكە ئېرىشىشىنى چەكلەش قاتارلىق تەھدىت ۋاستىلىرى ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن پۇل ئۇندۇرۇۋېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئويۇن ئوينىغۇچى مۇئەييەن بىر ئويۇننى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ئويناشنى مەقسەت قىلسا، ئويۇن ئىشلەپچىقارغۇچى ئۇ ئويۇنچىنىڭ مەلۇم بىر قانۇنسىز ھەرىكەتنى قىلىشىنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. بۇمۇ ئويۇن لايىھەلىگۈچىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر قويمىچىلىق ھەرىكىتىدىن ئىبارەت.




23 پې سې مەگ (PCMag) شىركىتىنىڭ تەتقىقاتچىسى مايكول كان مۇنداق دەيدۇ: «ئوينىغان ئويۇنلارغا قوشۇۋېتىلگەن بىر ئۇچۇر قوغلاش قورالى سىزنىڭ كومپيۇتېرىڭىزدا بارماق ئىزى ساقلىيالايدىغان بولۇپ، بۇ بارماق ئىزى جاسۇسلۇق دېتالىنىڭ كومپيۇتېرىڭىزغا ئورۇنلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ».

# ئېلېكترونلۇق ئويۇن خۇمارنى داۋالاش

ئېلېكترونلۇق ئويۇنغا خۇمار بولۇپ قېلىش ئەھۋالىنى داۋالاش ئۈچۈن، بىز چوقۇم ئالدى بىلەن پەرزەنتلىرىمىزنىڭ قەلبىگە كۈچلۈك دىنىي ئاكتىپچانلىقنى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. تولىمۇ ئەپسۇسكى، بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە كونتروللىغۇچلۇق ئويۇن (PlayStation)، ئايپەد، ئايفون ۋە باشقا ئېلېكترونلۇق ئويۇن ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى مۇكاپات سۈپىتىدە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇ ئويۇنلارنى «مۇكاپات بۇيۇمى» دەپ قاراپ، ئۇلارغا نىسبەتەن ئاكتىپ بىر قىزىقىش شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئاتا - ئانىلار بۇ ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئۈسكۈنىلىرىنى بالىلىرىغا ھېچقانداق بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى قوللانماستىن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەخلاقسىز مەزمۇنلارغا قارىتا قوغدىنىش دېتاللىرى ئىشلەتمەستىنلا بېرىدۇ، بۇ خىل ئەھۋالدا بالىلار ئۇنىڭدىكى بۇزۇقچىلىقتىن قانداقمۇ قوغدىنالىسۇن!؟



ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرى ئىدى، بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: **«ئى ئوغۇل، مەن ساڭا بىر نەچچە سۆزنى ئۆگىتىپ قوياي: ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرغىن، ئاللاھمۇ سېنى ياد ئېتىدۇ؛ ئاللاھنى ياد ئەتسەڭ، ئۇنى ئالدىڭدىلا تاپىسەن. قاچانكى بىرەر نەرسە سورىماقچى بولساڭ، ئاللاھتىنلا سورا. بىلگىنكى، ئەگەر جىمى ئادەملەر ساڭا بىرەر نەرسە ئارقىلىق پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىلسىمۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ساڭا پۈتۈۋەتكەن نەرسىدىن باشقىسىنى بېرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ساڭا بىرەر نەرسە ئارقىلىق زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن جەملەنسىمۇ، ئاللاھ ساڭا پۈتۈۋەتكەن نەرسىدىن باشقا زىياننى يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، سەھىپىلەر قۇرۇپ بولدى (يەنى تەقدىر ئاللىقاچان پۈتۈلۈپ بولدى)»**[24].

يۇقىرىقى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ئىدىيە «دىنىي ئەقىدە ۋە دىنىي چۈشەنچىدىكى مۇستەھكەملىك» دەپ ئاتىلىدۇ. مانا بۇ دەل ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنى تەربىيەلىشى زۆرۈر بولغان توغرا ئەقىدىۋى چۈشەنچە، تەۋھىد، توغرا دىن ۋە ھەقىقىي ياشاش پىرىنسىپلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

قەدىرلىك دوستلىرىم، كۈنىمىزدە دۇنيا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىپ، بەزىلەرنىڭ دېگىنىدەك بىر كەنتكە ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. بىز غەربتىن نۇرغۇن مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىۋاتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدىغان جەمئىيەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىنىمۇ ئىلغىماستىن قوبۇل قىلىۋاتىمىز. بۇرۇن مۇستەھكەم تۇرۇۋاتقان ئەقىدىمىز ھازىر بارا - بارا تەۋرىنىشكە باشلاۋاتىدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتە بىر قىسىم دۈشمەنلەر بىزنىڭ ئەقىدىۋى چۈشەنچىلىرىمىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن توختىماي تىرىشماقتا. شۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردىنبىر نىشانى بىزنىڭ دىنىمىزغا زەربە بېرىشتىن ئىبارەت. ئۇلار ئاللاھنىڭ

24 تىرمىزى، 2516.



كىتابى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى ئارقىلىق بىزگە ئاتا قىلىنغان بۇ گۈزەل دىنغا باركۆچى بىلەن دۈشمەنلىك قىلماقتا.

بىر قىسىم قەلبىدە كېسەللى بار ھاماقەتلەر: «بۇ دىن كونا دەۋردىن قالغان، شۇڭا زامانىۋى جەمئىيەتكە ماس ھالدا ئۆزگەرتىلىشى كېرەك» دەپ بىلجىرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بىز ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، قىيامەت كۈنىگە بولغان ئەقىدىمىز ۋە ئىشەنچىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك ئىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل «كونا» ئەقىدە ۋە ئىماننىڭ ۋاقتى ئۆتۈپتىمىش. ئەجەبا سىز بالىلىرىڭىزنىڭ ئەتراپىدا ئۈچۈپ يۈرگەن، دىنغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان مۇشۇنچىۋالا پىكىر ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ئىچىدە بالىلىرىڭىزنى قانداقمۇ قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە كۆرسىتىلگەن توغرا ئەقىدە بويىچە تەربىيەلەپ چىقالايسىز؟!

**بۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشقا تەۋسىيە قىلىمەن:**

1. ئۆزىڭىز ۋە ئائىلىڭىزنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇزۇق پىكىرلەردىن قوغدىشىڭىز لازىم. بالىلىرىڭىز بىلەن

بىرگە ئولتۇرۇپ، گۈزەل ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىسلامىي تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلۈشىڭىز ۋە سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ، سورىغان سوئاللىرىغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بېرىشىڭىز لازىم. ئۇلارغا رەببىنىڭ ئاللاھ، دىنىنىڭ ئىسلام، پەيغەمبىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىڭ. بارچە مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ پەقەت يېگانە ئاللاھ ئىكەنلىكىنى؛ ئۇ زاتنىڭ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان، بارچە مەخلۇقاتقا رىزىق بەرگۈچى، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىدىن تەلىم بېرىڭ. ئوغۇل - قىزلىرىڭىز ۋە ئايالىڭىزغا ئۆز رەببىنى تونۇش ھەققىدە ئىلىم ئۆگىتىڭ. بىلىڭكى، ئايال - بالىلىرىڭىزغا ئۇلارنىڭ رەببى ھەققىدە تەلىم بېرىشنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇلى ئالدى بىلەن ئۇلارغا قۇرئاننى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت.



ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ»**[25].

25 ئىخلاس سۈرىسى، 4-1 ئايەتلەر.

ئەگەر سىز قۇرئان ئۆگەنمىگەن، بىراق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر دادىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن: «‹ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر› دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى نېمە؟» دەپ سورىسىڭىز، بەلكىم ئۇ جاۋاب بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. خۇددى شۇنىڭدەك، ئاللاھنىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى ئۆزىڭىز بىلمەي تۇرۇپ، پەرزەنتلىرىڭىزنى قانداقمۇ ئاللاھنى تونۇيدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقالايسىز؟!

ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج بولغۇچى ــ بارلىق مەخلۇقاتلار پۈتكۈل ئېھتىياجلىرىدا ئۇنىڭغا تايىنىدىغان، بىراق ئۇ ھېچكىمگە موھتاج بولمايدىغان، ئىلاھلىق ۋە مۇتلەق ھوقۇقتا مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھتۇر. ئۇ ھەمىشە ھاياتتۇر، بارلىق مەۋجۇداتلارغا رىزىق ئاتا قىلغۇچىدۇر، بارلىق سۈپەتلىرىدە مۇكەممەلدۇر، ئۇ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىغا موھتاج ئەمەستۇر، بىراق بارلىق مەخلۇقاتلار شەك - شۈبھىسىزكى ئۇنىڭغا موھتاجدۇر.

پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ قەلبىگە توغرا دىنىي ئەقىدىنى مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇڭ ۋە ئۇ ئەقىدىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىڭ. شۇندىلا ئىنشائاللاھ بالىلىرىڭىزنىڭ بارلىق باتىل چۈشەنچىلەرنى ئىككىلەنمەستىن رەت قىلغانلىقىنى كۆرىسىز.

2. ئائىلىڭىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزىتىپ ۋە دىققەت قىلىپ تۇرۇڭ. ئەگەر پەرزەنتىڭىز ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئويناۋاتقان بولسا (تولىمۇ ئەپسۇسكى، كۈنىمىزدە ھەممىمىز بالىلىرىمىزنىڭ ئېلېكترونلۇق ئويۇنغا ھېرىس بولۇشىدىن ئىبارەت خەتەرلىك سىناق بىلەن سىنىلىپ قېلىۋاتىمىز)، سىز ئۇنى چوقۇم تەپسىلىي ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۆزىتىشىڭىز كېرەك. ئۇ قايسى ئويۇننى ئويناۋاتىدۇ؟ قايسى ئويۇنلارنى سېتىۋېلىۋاتىدۇ؟ بەزى ئويۇنلارنى سېتىۋېلىشنىڭ ياش چەكلىمىسى بار بولۇپ، ئويۇن دىسكىسى ياكى ئۇسكۇنىسىنىڭ تاش قېپىغا: «بۇ ئويۇنلار 18 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلار ئۈچۈن لايىھەلەنگەن» ياكى «بۇ ئويۇنلار 12 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلار

ئۇچۇن لايىھەلەنگەن» دەپ يېزىلغان. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى سېتىۋالغاندا ھەرگىزمۇ بىپەرۋالىق قىلماسلىق كېرەك. بۇ ئويۇنلارنى سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن چوقۇم ئۇلار ھەققىدە ئىزدىنىپ بېقىڭ، ياش چەكلىمىسىگە دىققەت قىلىڭ، شۇنداقلا بۇ ئويۇنلارنىڭ مەزمۇنىدا ئىسلام پرىنسىپلىرىغا خىلاپ نەرسىلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىڭ.

3. پەرزەنتىڭىزنىڭ ئايرىم بىر ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئوينىشىغا ھەرگىز يول قويماڭ. ئۇنى پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى بار بولغان ۋە ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان مۇھىتتا ئوينىشىنى تەلەپ قىلىڭ. پەرزەنتىڭىز تور ئويۇنى ئويناۋاتقان بولسا، كىم بىلەن ئويناۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىڭ. ئەگەر بىلەلمىگەن بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئىنكاسىغا پەرۋا قىلماستىن ئويناۋاتقان ئويۇنىنى كۆز ئالدىدىلا ئۆچۈرۈۋېتىڭ. سىز پەرزەنتىڭىزنىڭ ئۆزىڭىز تونۇمايدىغان بىر ئادەم بىلەن بىرگە ئۆيىڭىزدىن چىقىپ كېتىشىنى قەتئىي خالىمايسىز، ئەلۋەتتە. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭ سىز تونۇمايدىغان يوزلىگەن ئادەم بىلەن بىرگە ئويۇن ئوينىشىغا نېمە ئۈچۈن يول قويىسىز؟ مانا بۇ سىزنىڭ پەرزەنتىڭىزنىڭ ئويۇن ئوينىشىنى نازارەت قىلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىڭىزدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، سىز يەنە ئۇنىڭ ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئويناش ۋاقتىغىمۇ چەكلىمە قويۇشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭغا: «سائەت مانچىدىن مانچىگىچە ئويناىسەن» دەپ ئەسكەرتىڭ. بۇ ۋاقىت ئارىلىقى بىر سائەت ياكى يېرىم سائەت ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ. بولۇپمۇ پەرزەنتىڭىز مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلاردا بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىڭ. مەكتەپكە بارىدىغان كۈنلەردە ئۇنىڭ پەقەت ھەپتە ئاخىرىدىلا ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئوينىشىغا رۇخسەت قىلىڭ، بۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. شۇنداقلا، ھەپتە ئاخىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئويۇن ئويناش ۋاقتىنى ئىككى سائەت ئىچىدە كونترول قىلىڭ.

4. بەزىلىرىمىز ھەتتا قۇرامىغا يەتمىگەن كىچىك بالىلىرىمىزغىمۇ ئايفون، ئايپەد قاتارلىق داڭلىق ماركىلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۇسكۇنىلەرنى ئېلىپ بېرىشكە ئادەتلىنىپ كەتتۇق. بۇ ئۇسكۇنىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار سەپلىۋېتىلگەن. ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ، پەرزەنتىڭىزگە ئاشۇ يېشىدا بۇ خىلدىكى داڭلىق ماركىلىق ئۇسكۇنىلەرنى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟! بىر ئايلىق بالىڭىزغا بىرەر قېتىم گۆش بېرىپ باققانمىدىڭىز؟ ئەلۋەتتە، ئۇ گۆشنى ھەزىم قىلالمايدۇ، ھەتتا گۆش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىپ، ئۇنىڭ جان ئۈزۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك، سىزنىڭ كىچىك ياشتىكى پەرزەنتلىرىڭىزمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان داڭلىق ماركىلىق ئۇسكۇنىلەرنى ھەرگىزمۇ توغرا ئۇسۇلدا ئىشلىتىپ بولالمايدۇ. سىزنىڭ تۆت - بەش ياشلىق بىر بالىڭىز بار دەپ پەرەز قىلايلى، سىز ئۇنىڭغا داڭلىق ماركىلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۇسكۇنىلەرنى ئېلىپ بەردىڭىز، ئۆيىڭىزدە ۋايفاي (سىمسىز تور) بار، بالىڭىز قايسى تور بەتلەرگە چىقىپ نېمىلەرنى كۆرىدۇ؟ سىزمۇ ياخشى بىلىسىزكى، توردا كىرىش خۇددى كۆز يەتكۇسىز دېڭىز - ئوكياندا كەزگەنگە ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ، دېڭىزدا كەزگۈچىنىڭ ھەر ۋاقىت سۇغا غەرق بولۇپ كېتىش خەۋپى بار. بۇ خىل ئەھۋالغا تاقابىل تۇرىدىغان يەنە بىر خىل ئۇسۇل بولسا، بالىڭىزنى پايدىلىق





ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىشتۇر. مەسىلەن، باللىرىڭىزغا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىڭ، ئۇنىڭ دىنىي ئىبادەتلىرىگە توسالغۇ بولمىغان ئەھۋالدا، پايدىلىق تەنتەربىيە تۈرلىرى بويىچە تەربىيەلەيدىغان مەخسۇس كۇرسلارغا تىزىملىتىڭ، پۇتبول ئويناشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى ساغلاملىقىغا پايدىلىق مەلۇم تەنتەربىيە تۈرلىرىگە قىزىقسا، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىڭ، ھەتتا رىغبەتلەندۈرۈڭ. يىغىپ ئېيتقاندا، باللىرىڭىزنى پايدىلىق ئىشلارغا سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق، ئېلېكترونلۇق ئويۇن ۋە بىھۇدە ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرۇڭ.



5. بالىلىرىڭىزنى قۇرئان يادلاشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋاقتىنى قۇرئان بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ياردەم قىلىڭ. ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشقا كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىڭ. مەسچىت، تاللا بازىرى ۋە كوچا - كويلارغا چىققاندا ئۇلارنى يېنىڭىزغا ئېلىۋېلىڭ، بۇنداق قىلغاندا سىز بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن، يەنى پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان ۋاقتى كۆپ بولىدۇ. ئۇلارنى كىشىلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلىش ۋە باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىڭ.





# ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئالدىدا تېلېفون قاتارلىق ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى كۆپ ئىشلەتمەسلىكى كېرەك

يۇقىرىقى ئۇسۇللاردىن باشقا، بالىلارنىڭ ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارغا بېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئۇسۇل بولسا، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئالدىدا توختىماي تېلېفون بىلەن ھەپىلىشىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرغان ۋاقىتتا، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۈسكۈنىلەرگە قاراپ ئولتۇرىدىغان بولۇۋالدى. بىر دادا، يەنى سىز، بالىڭىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بىر ئۈلگە. تولىمۇ ئەپسۇسكى، نۇرغۇن ئائىلىلەر مۇشۇ نۇقتىدا ماڭا كۆپ دەرد ئېيتىدۇ.



بەزى ئاتا - ئانىلار مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە بىز بالىلىرىمىز بىلەن بىر داستىخاندا بىرگە ئولتۇرغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھەممىمىز ئوخشىمىغان ۋاتسئاپ گۇرۇپپىلىرىدا باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرىمىز».



بۇ خىل ھالەت ئائىلىۋى رىشتىنىڭ قىممىتىنى ۋەيران قىلىدىغان ئەڭ خەتەرلىك ۋە ئەڭ قورقۇنچلۇق خاتالىقنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر پەرزەنتىڭىز سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئولتۇرغان ۋاقتىتا، سىز ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن يەنىلا تېلېفون بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرغىنىڭىزنى كۆرسە، سىز ئويلاپ بېقىڭ، ئۇلار كەلگۈسىدە قانداق قىلىشى مۇمكىن؟ ئېنىقكى، ئۇلار سىزنى تەقلىد قىلىدۇ، ھەتتا سىزدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىشى تۇرغانلا گەپ.

يەنە بىرى بۇ خىل ئويۇن ۋە ئۇسكۇنىلەرنى ئۇلارغا ھەدىيە قىلىدىغان مۇكاپات ۋە ھەدىيەلەر بىلەن باغلىماڭ. «ئەگەر سەن ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالساڭ، ساڭا كونتروللىغۇچلۇق ئويۇنلار (پىلېي ستېيشىن)نى ھەدىيە قىلىمەن» دېيىش ناھايىتى خاتا بىر خىل رىغبەتلەندۇرۇش ۋە مۇكاپاتلاش ئۇسۇلىدۇر. ئۇلارغا ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى مۇكاپات قىلىپ بېرىڭ.





## ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئويۇن ئويناشنى چەكلەڭ

بالىلىرىڭىز ئۇخلاشتىن بۇرۇن، ئۇلارنى قۇرئان ئوقۇش، ھېكايە ئېيتىش ياكى مەنپەئەتلىك دەۋەت - لېكسىيەلەرنى ئاڭلاش قاتارلىق ئىشلارغا ئادەتلەندۈرۈشكە تىرىشىڭ. ئۇلارنىڭ ھەرقانداق تۈردىكى ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار ۋە تور ئويۇنلىرىنى ئوينىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ.

ئەگەر سىز پەرزەنتىڭىزنىڭ ئېلېكترونلۇق ئويۇنخۇمارلىقىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىغان بولسىڭىز، ئىككىلەنمەستىن ۋە كېچىكتۈرمەستىن بالىڭىزنى مۇشۇ خىلدىكى بىنورماللىقنى داۋالايدىغان پىسخولوگلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىڭ ۋە داۋالىتىڭ.






# ۋاقتىڭىزنى مۇھاپىزەت قىلىڭ

ئەمەلىيەتتە بۇ ناھايىتى كەڭ تېما بولۇپ، بۇ يەردە پەقەت خۇلاسە خاراكتېرلىك چۈشەنچىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى توغرا تاپتۇق. دىنىمىزدا ۋاقتىمىزنىڭ قەدرىگە يېتىش ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇبارەك قۇرئان كەرىمدە ۋاقىت بىلەن قەسەم قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَٱلۡعَصۡرِ﴾ **«زامان بىلەن قەسەمكى...»**[26].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەقەت مۇھىم نەرسىلەر بىلەنلا قەسەم قىلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ۋاقىت بىلەن كەڭ مەنىدە قەسەم قىلغاندىن كېيىن، ﴿إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَفِي خُسۡرٍ ٢ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلۡحَقِّ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلصَّبۡرِ﴾ **«ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر - بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر»**[27] دېيىش ئارقىلىق، بۇ قىسقىغىنە قىممەتلىك ۋاقىتتا لازىم تۇتۇشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى كونكرېت ھالدا بايان قىلغان.

26 ئەسىر سۈرىسى، 1 - ئايەت.

27 ئەسىر سۈرىسى، 2-، 3 - ئايەتلەر.

ۋاقىت ــ ئاللاھ تائالا ھەربىر بەندىگە ئاتا قىلغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر دۇنيادىكى بارلىق پادىشاھلار بىرلىشىپ، دۇنيادىكى بارلىق بايلىقلارنى بىر يەرگە توپلاپ، ئاندىن ئۆلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆتۈپ كەتكەن بىر مىنۇت ۋاقىتنى كەينىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇنداق قىلىش قولىدىن كەلمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، ۋاقىتنى بىھۇدە ۋە زىيانلىق بولغان ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار بىلەن ئۆتكۈزۈپ، قۇرئانغا، نامازغا، سۈننەتلەرگە ۋە باشقا مۇھىم ئىبادەتلەرگە سەل قارىغان بىپەرۋا ئىنساننىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز چوقۇم بالىلىرىمىزنىڭ قەلبىگە ۋاقىتنى مەنپەئەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش چۈشەنچىسىنى ئورنىتىشىمىز كېرەك.

ئاخىرىدا، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالادىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۆزى رازى بولىدىغان ئىشلاردا بىزگە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىشىنى، شۇنداقلا ئاڭلىغانلىرىمىز ۋە ئوقۇغانلىرىمىزدىن بىزنى مەنپەئەتلەندۈرۈشىنى تىلەيمىز. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالادىن بالىلىرىمىزغا ۋە ئۆزىمىزگە بولغان تەلىم - تەربىيەدە بىزگە ئاسانلىق بېرىشىنى سورايمىز. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ وَأَهۡلِيكُمۡ نَارا وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلۡحِجَارَةُ عَلَيۡهَا مَلَٰٓئِكَةٌ غِلَاظ شِدَاد لَّا يَعۡصُونَ ٱللَّهَ مَآ أَمَرَهُمۡ وَيَفۡعَلُونَ مَا يُؤۡمَرُونَ﴾ **«ئى مۆئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىچاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار. ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ»**[28].

28 تەھرىم سۈرىسى، 6 - ئايەت.